# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاكسىيە قانۇنى

ئىزاھاتى:

**(1998- يىل 12- ئاينىڭ 29- كۈنى 9- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6- سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2004- يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىي دائىمىي كومىتېتى 11- سانلىق يىغىنىنىڭ )«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاكسىيە قانۇنى » غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى( غا ئاساسەن تۈزىتىلگەن)**

**1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ**

**1- ماددا بۇ قانۇن ئاكسىيە تارقىتىش ۋە ئاكسىيە سودا ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپنى ۋە جامائەت مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار تۈزۈلدى.**

**2- ماددا جۇڭگو زېمىنىدا، پاي چېكى، شىركەت زايومى ۋە گوۋۇيۈەن قانۇن بويىچە بېكىتكەن باشقا ئاكسىيەلەرنى تارقىتىش ۋە سودىغا سېلىشقا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ. ھۆكۈمەت زايومىنى تارقىتىش ۋە سودىغا سېلىش قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزامدا ئايرىم بەلگىلىنىدۇ.**

**3- ماددا ئاكسىيە تارقىتىش ۋە ئاكسىيە سودا پائالىيىتىدە ئاشكارا بولۇش، ئادىل بولۇش ۋە ھەققانىي بولۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇشى شەرت.**

**4 ـ ماددا ئاكسىيە تارقىتىش ۋە ئاكسىيە سودا پائالىيىتىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر باراۋەر قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە، ئۇلار ئىختىيار قىلىش، ھەقلىق بولۇش، سەممىي بولۇش- لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.**

**5- ماددا ئاكسىيە تارقىتىش ۋە ئاكسىيە سودا پائالىيىتىدە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارغا ئەمەل قىلىش شەرت؛ ئالدامچىلىق قىلىدىغان، يوشۇرۇن سودىلىشىدىغان ۋە ئاكسىيە سودا بازىرىنى تىزگىنلىۋالىدىغان قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ.**

**6 ـ ماددا ئاكسىيە كەسپى بانكا كەسپى، ھاۋالە كەسپى، سۇغۇرتا كەسپلىرىدىن ئايرىم تىجارەت ئېلىپ بارىدۇ. ئايرىم باشقۇرۇلىدۇ. ئاكسىيە شىركىتى بىلەن بانكا، ھاۋالە، سۇغۇرتا كەسپىي ئاپپاراتلىرى ئايرىم تەسىس قىلىنىدۇ.**

**7 ـ ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاكسىيە بازارلىرىنى قانۇن بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.**

**گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپاراتى ئېھتىياجغا قاراپ، ئۆزىگە**

بىرىلگەن ھوقۇقىقا ئاساسەن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيدىغان خاس ئاپپارات تەسىس قىلسا بولىدۇ.
8 - ماددا دۆلەت ئاكسىيە تارقىتىش ۋە ئاكسىيە سودا پائالىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەرتى ئاستىدا، قانۇن بويىچە ئاكسىيە سودا كەسپى جەمئىيىتى تەسىس قىلىپ، تەلەپچانلىق بىلەن باشقۇرىدۇ.
9 - ماددا دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئۈستىدە قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكى ئېلىپ بارىدۇ.
10- ماددا ئاشكارا تارقىتىدىغان ئاكسىيە قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە قانۇن بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك؛ ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئاشكارا ئاكسىيە تارقىتىشىغان يول قويۇلمايدۇ.
شىركەت زايومنى تارقىتىشتا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. تارقاتقۇچى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماققا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئىلتىماس ھۆججەتلەرنى ۋە گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماق بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى شەرت.
2 - باب ئاكسىيە تارقىتىش
11- ماددا پاي چېكىنى ئاشكارا تارقىتىشتا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. تارقاتقۇچى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئىلتىماس ھۆججەتلىرىنى ۋە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇش شەرت.
شىركەت زايومنى تارقىتىشتا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. تارقاتقۇچى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماققا شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئىلتىماس ھۆججەتلەرنى ۋە گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماق بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى

شەرت.
12 - ماددا تارقاتقۇچى ئاكسىينى ئاشكارا تارقىتىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىشتا تاپشۇردىغان ئىلتىماسقا دائىر ھۆججەتلەرنىڭ شەكلىنى، يوللاش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا قانۇن بويىچە مەسئۇل بولغان ئاپپارات ياكى تارماق بەلگىلەيدۇ.
13 - ماددا تارقاتقۇچى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماققا تاپشۇرىدىغان ئاكسىيە تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا دائىر ھۆججەت راست، توغرا، مۇكەممەل بولۇشى شەرت.
ئاكسىيە تارقىتىشقا ئالاقىدار ھۆججەت بېرىدىغان كەسپىي ئاپپارات ۋە خادىملار قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادىل قىلىپ، بېرىدىغان ھۆججەتلىرىنىڭ راست، توغرا، مۇكەممەل بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرت.
14 ـ ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتىدا پاي چېكى تارقىتىش ئىلتىماسىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرىدىغان تارقىتىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ.
تارقىتىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى كەسپىي خادىملاردىن ۋە بۇ ئاپپارات سىرتىدىكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلار بېلەت تاشلاش شەكلى ئارقىلىق، پاي چېكى تارقىتىش ئىلتىماسىغا ئاۋاز بېرىپ، تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.
تارقىتىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنى كونكرېت تەشكىللەش چارىسىنى، ئۇنىڭ تەركىبدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى، خىزمەت تەرتىپىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزۈپ چىقىپ، گوۋۇيۈەن تەستىقلىتىدۇ
15 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئاپپاراتى پاي چېكى تارقىتىش ئىلتىماسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتكە بىنائەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيتى ئاشكارا بولۇش، نازارەتنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىش كېرەك.
پاي چېكى تارقىتىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇن بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇشغا، ئۇلارنىڭ تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇننىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىشغا، تارقىتىش ئىلتىماس تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان پاي چېكىنى ئىلكىدە تۇتىشغا، تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇن بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىششىغا يول قويۇلمايدۇ.
گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماق شىركەت زايومنى تارقىتىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ

تەستىقلاشتا، ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمىدىن پايدىلىنىدۇ.
16 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ياكى گوۋۇيۈەن هوقۇق بەرگەن تارماق ئاكسىيە تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلىش هۆججىتىنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە قارار چىقىرىشى؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلانمىغانلىرى ھەققىدە ئىزاھات بېرىشى كېرەك.
17 - ئاكسىيە تارقىتىش ئىلتىماسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، تارقارقۇچى قانۇن - مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاكسىينى ئاشكارا تارقىتىشتىن ئاۋۋال، ئاشكارا تارقىتىشقا مەبلەغ توپلاش هۆججىتىنى ئېلان قىلىشى ھەمدە ئۇ هۆججەتنى ئاممىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تەييارلاپ قويۇشى كېرەك.
ئاكسىيە تارقىتىش ئۇچۇرىنى قانۇن بويىچە ئاشكارىلاشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۇچۇرنى ئەھۋالدىن خەۋەردار ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاشكارىلىشىغا ياكى بىلىندۈرۈپ قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. تارقاتقۇچىنىڭ ئاشكارا تارقىتىشىغا مەبلەغ توپلاش هۆججىتىنى ئېلان قىلىشتىن ئاۋۋال ئاكسىيە تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ.
18 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ياكى گوۋۇيۈەن هوقۇق بەرگەن تارماق ئاكسىيە تارقىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا دائىر چىقارغان قارارنىڭ قانۇن، مەمۇرىي نىزامدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى سەزسە، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك؛ ئاكسىيە تېخى تارقىتىلمىغان بولسا، توختىتىلىدۇ؛ تارقىتىلىپ بولغان بولسا، ئاكسىيە ئىگىسى تارقىتىش باھاسىغا بانكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ئامانەت پۇل ئۆسۈمىنى قوشۇپ ھېسابلاپ، تارقاتقۇچىدىن قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.
19 - ماددا پاي چېكى قانۇن بويىچە تارقىتىلغاندىن كېيىن، تارقاتقۇچىنىڭ تىجارەت قىلىش ۋە پايدا ئېلىش ئۆزگىرىشىگە تارقاتقۇچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ؛ شۇ ئۆزگىرىشتىن كېلىپ چىققىدىغان مەبلەغ سېلىش خەۋپ - خەتىرىگە مەبلەغ سالغۇچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.
20 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ يېڭى پاي چېكى تارقىتىشى شىركەت قانۇنىدىكى يېڭى پاي چېكى تارقىتىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا جەمئىيەتتىن ئاشكارا مەبلەغ يىغىسمۇ، ئەسلىدىكى پايچىككە نورمىلىق سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ.
پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت پاي چېكى تارقىتىپ يىغقان مەبلەغنى پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسىدە كۆرسىتىلگەن مەبلەغ ئىشلىتىش ئورنى

بويىچە ئىشلىتىشى كېرەك. پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسىدە كۆرسىتىلگەن مەبلەغ ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆزگەرتىش پايچېكلار يىغىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت. ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋېلىپ تۈزەتمىگەنلەر ياكى پايچېكلار يىغىنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكۈزمىگەنلەرنىڭ يېڭى پاي چېكى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

21 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى تارقاتقۇچى جەمئىيەتكە ئاشكارا تارقىتىدىغان ئاكسىيىنى قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سېتىپ بېرىشى كېرەك. ئاكسىيە سېتىپ بېرىش كەسپىدە ۋاكالىتەن سېتىپ ياكى ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئاكسىيىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش - ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيىنى تارقاتقۇچىغا ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىدىغان، سېتىپ بېرىش مۇددىتى توشقاندا، سېتىپ بولمىغان ئاكسىتنى تارقاتقۇچىغا تولۇق قايتۇرۇپ بېرىدىغان سېتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاكسىيىنى ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش - ئاكسىيە شىركىتى تارقاتقۇچىنىڭ ھەممە ئاكسىيىسىنى كېلىشىم بويىچە سېتىۋالىدىغان ياكى سېتىپ بېرىش مۇددىتى توشقاندا، سېتىپ بولالماي ئېشىپ قالغان ئاكسىيىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى سېتىۋالىدىغان سېتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

22 - ماددا ئاكسىيىنى ئاشكارا تارقىتىدىغان تارقاتقۇچى ئاكسىيە سېتىپ بېرىدىغان شىركەتلەرنى قانۇن بويىچە ئۆزئالدىغا تاللاشقا ھوقۇقلۇق. ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئاكسىيە سېتىپ بېرىش كەسپىدە ناتوغرا رىقابەت ۋاستىسى ئارقىلىق خېرىدار چاقىرىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

23 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە سېتىپ بېرىشتە، تارقاتقۇچى بىلەن ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش ياكى ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش كېلىشىمى تۈزۈشى، كېلىشىمگە تۆۋەندىكى ئىشلار ئېنىق يېزىلىشى كېرەك:

(1) - ئالاقىدار تەرەپنىڭ نامى، تۇرۇشلۇق ئورنى ۋە قانۇنىي ۋەكىلىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى؛ (2) - ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىلىدىغان، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاكسىيىنىڭ تۈرى، سانى، سوممىسى ۋە تارقىتىش باھاسى؛

(3) - ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش مۇددىتى، شۇ مۇددەتنىڭ باشلانغان - ئاخىرلاشقان ۋاقتى؛

(4) - ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىشتىكى پۇل تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى؛

(5) - ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش خىراجىتى ۋە ئۇنى راسچوت قىلىش ئۇسۇلى؛
(6) - كېلىشمىگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى؛
(7) - گوۋۇيۇەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن باشقا ئىشلار.
25 - ماددا جەمئىيەتكە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئاكسىيىنىڭ چەككە يېزىلغان ئومۇمىي قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 50 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنى سېتىپ بەرگۈچى ئۆمەك سېتىپ بېرىشى كېرەك. سېتىپ بەرگۈچى ئۆمەك ئاساسلىق سېتىپ بېرىلىدىغان ۋە سېتىپ بېرىشكە قاتنىشىدىغان ئاكسىيە شىركەتلەردىن تەركىب تېپىشى لازىم.
26 - ماددا ئاكسىيىنى ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىش مۇددىتىنى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 90 كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.
ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيىنى ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش مۇددىتى ئىچىدە، ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىلىدىغان، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىدىغان ئاكسىيىنى ئالدى بىلەن سېتىۋالغۇچىلارغا سېتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىدىغان ئاكسىيىنى ئاۋۋال ئۆز شىركىتىگە قالدۇرۇپ قويۇشىغا ۋە ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىدىغان ئاكسىيىنى ئالدىن ئۆز شىركىتى ئۈچۈن سېتىۋېلىشىغا ھەمدە ئېلىپ ساقلاپ قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.
27 - ماددا ئاكسىيىنى ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىدىغا ئاكسىيە شىركىتى ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى گوۋۇيۇەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.
ئاكسىينى ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىدىغان ئاكسىيە شىركىتى ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە، ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى تارقاتقۇچى بىلەن بىرلىكتە گوۋۇيۇەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.
28 - ماددا پاي چېكى تارقىتىشتا ئۆرلىگەن باھادا تارقاتماقچى بولغانلار ئۇنىڭ تارقىتىش باھاسىنى تارقاتقۇچى بىلەن سېتىپ بەرگۈچى ئاكسىيە شىركىتى كېلىشىپ بېكىتىدۇ.
29 - ماددا چېگرا ئىچىدىكى كارخانىلاردىن چېگرا سىرتىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئاكسىيە تارقاتماقچى بولغانلار ياكى ئۆز ئاكسىيىسىنى چېگرا سىرتىدىكى بازارغا

سالماقچى بولغانلار گوۋۇيۇەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت.

3 - باب ئاكسىيە سودىسى

1 - پاراگراف ئومۇمىي بەلگىلىمە

30 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدىكى ئالاقىدار تەرەپ قانۇن بويىچە ئېلىپ ساتقان ئاكسىيە قانۇن بويىچە تارقاتقان ۋە تاپشۇرغان ئاكسىيە بولۇشى شەرت.

قانۇنسىز تارقىتىلغان ئاكسىيىنى ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

31 - ماددا قانۇن بويىچە تارقىتىلدىغان پاي چېكى، شىركەت زايومى ۋە باشقا ئاكسىيىلەرنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇددىتى توغرىسىدا قانۇندا چەكلەش خاراكتېرلىك بەلگىلىمەچىقىرىلغان بولسا، ئۇلارنى شۇ چەك قويۇلغان مۇددەت ئىچىدە ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

32 - ماددا قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ بازارغا سېلىنغان پاي چېكى، شىركەت زايومى ۋە باشقا ئاكسىيىلەر ئاكسىيە بىرژىسىدا ۋېۋىسكا ئېسىپ سودىغا سېلىنىشى كېرەك.

33 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسىدا ۋېۋىسكا ئېلىپ ئاكسىيە سودىسى قىلغاندا، ئاشكارا كۆجۆم رىقابەت باھا سودىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

ئاكسىيە سودىسىدىكى كۆجۆم رىقابەت باھاسىدا باھانى، ۋاقىتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پىرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

34 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدىكى ئالاقىدار تەرەپ ئېلىپ ساتىدىغان ئاكسىيىدە قەغەز يۈزى شەكلى ياكى گوۋۇيۇەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن باشقا شەكىللەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

35 - ماددا ئاكسىيە سودىسى نەق مال ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

36 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ مۇئامىلىدارلارغا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈدىغان ياكى ئاكسىيە يۈرۈشتۈرۈدىغان ئاكسىيە سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

37 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىدىكى كەسپىتارلار، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملار ۋە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا پاي چېكى سودىسىغا قاتنىشىشى مەنئى قىلىنغان باشقا خادىملارنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئىچىدە ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن چەكلىك مۇددەت ئىچىدە، بىۋاستە ياكى ئۆزگەرتكەن نامى، باشقىلارنىڭ نامى بىلەن پاي چېكىنى ئىلكىدە تۇتۇشىغا، ئېلىپ سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلار ھەدىيە قىلغان پاي چېكىنى

قوبۇل قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ.
ھەرقانداق كىشى ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن خادىم بولغاندا، ئەسلىدە ئۆز ئىلكىدە بولغان پاي چېكىنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشى شەرت.
38 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى مۇئامىلىدارلارغا ئېچىلغان ھېسابنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قانۇن بويىچە ساقلىشى شەرت.
39 - ماددا پاي چېكى تارقىتىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، مۈلۈك باھالاش دوكلاتى ياكى قۇنۇن پىكىرنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى يېزىپ بەرگەن كەسپىي ئاپپارات ۋە خادىملارنىڭ شۇ پاي چېكىنى سېتىپ بېرىش مۇددىتى ئىچىدە ۋە مۇددەت توشۇپ ئالتە ئاي ئىچىدە، شۇ خىلدىكى پاي چېكىنى ئېلىپ سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىدىن باشقا، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، مۈلۈك باھالاش دۇكلاتى ياكى قانۇن پىكىرنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى يېزىپ بەرگەن كەسپىي ئاپپارات ۋە خادىملارنىڭ پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھۆججەتلەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىنكى بەش كۈن ئىچىدە، شۇ خىلدىكى پاي چېكىنى ئېلىپ سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
40 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدا ھەق ئېلىش مۇۋاپىق بولۇشى ھەمدە ھەق ئېلىنىدىغان تۈرلەر، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ھەق ئېلىش چارىسى ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشى شەرت.
ئاكسىيە سودىسىدىكى ھەق ئېلىش تۈرلىرى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار باشقۇرغۇچى تارمىقى بىر تۇتاش بەلگىلەيدۇ.
41 - ماددا بىر چەكلىك پاي شىركىتى تارقاتقان پاينىڭ 5 نى ئىلكىدە تۇتقان پايچىك ئىلكىدىكى پاي سومىمىسىنىڭ سانى شۇ نىسبەتكە يەتكەن كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە شۇ شىركەتكە مەلۇم قىلىشى كېرەك، شىركەت دۇكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا دوكلات قىلىشى شەرت؛ چەك پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاكسىيە بىرژىسىغا دوكلات قىلىنىشى كېرە%ك.
42 - ماددا ئالدىنقى ماددىدا بەلگىلەنگەن پايچىك ئىلكىدىكى شۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالغاندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە سېتىۋەتسە ياكى سېتىۋەتكەندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە يەنە سېتىۋالسا، بۇنىڭدىن تاپقان پايدا شۇ شىركەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، شىركەت مۇدىرىيىتى شۇ پايچىكنىڭ ئالغان پايدىسىنى

قايتۇرۇۋېلىشى لازىم. لېكىن، ئاكسىيە شىركىتى سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ساتقاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان پاي چېكىنى سېتىۋالغانلىقى سەۋەبلىك 5 تىن يۇقىرى پاينى ئىلكىدە تۇتقان بولسا، شۇ پاي چېكىنى سېتىشتا ئالتە ئاي دېيىلگەن ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شىركەت مۇدىرىيىتى ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىنى ئىجراقىلمىغان بولسا، باشقا پايچېكلار مۇدىرىيەتنىڭ ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. شىركەت مۇدىرىيىتى 1 - تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلماي، شىركەتنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، جاۋاپكار مۇدىر چاتما تۆلەم جاۋابكارلىقنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئالدۇ.

2 - پاراگراف ئاكسىيىنى بازارغا سېلىش

43 - ماددا چەكلىك پاي شىركىتى ئۆز پاي چېكىنى بازارغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت.

گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاكسىيە بىرژىسىغا پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئىلتىماسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بەرسە بولىدۇ.

44 - ماددا دۆلەت كەسىپ سىياستىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بازارغا سېلىش شەرتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان شىركەت پاي چېكىنى سودىغا سېلىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

45 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا پاي چېكىنى بازارغا سېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغاندا، تۆۋەندىكى ھۆججەتلەرنىمۇ بىرگە تاپشۇرۇش كېرەك: (1) پاي چېكىنى بازارغا سېلىش دوكلاتى؛

(2) پاي چېكىنى بازارغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى پايچېكلار يىغىنىنىڭ قارارى؛

(3) شىركەت نىزامنامىسى؛

(4) شىركەتنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى؛

(5) شىركەتنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان يېقىنقى ئۈچ يىللىق مالىيە بۇغالتىرلىق دوكلاتى ياكى شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مالىيە بۇغالتىرلىق دوكلاتى؛

(6) قانۇن پىكىرنامىسى ۋە ئاكسىيە شىركىتىنىڭ تونۇشتۇرمىسى؛

(7) يېقىنقى بىر قېتىملىق پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسى.

46 - ماددا پاي چېكىنى سودىغا سېلىش ئىلتىماسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش

- باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تارقاتقۇچى ئاكسىيە بىرژىسىغا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ھۆججەتنى ۋە ئالدىنقى ماددىدا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك.
ئاكسىيە بىرژىسى مەزكۇر پاي چېكىنى تارقاتقۇچى تاپشۇرغان ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە، شۇ پاي چېكىنى سودىغا سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.
47 - ماددا پايچېكىنى سودىغا سېلىش ئىلتىماسىغا ئاكسىيە بىرژىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت شۇ پاي چېكىنى سودىغا سېلىشتىن بەش كۈن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان پاي چېكىنى بازارغا سېلىشقا دائىر ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىشى ھەمدە شۇ ھۆججەتلەرنى ئاممىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يەرگە تەييارلاپ قويۇشى كېرەك.
48 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت ئالدىنقى ماددىدا بەلگىلەنگەن پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئىلتىماسىغا دائىر ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىشتىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئىشلارنىمۇ ئېلان قىلىشى كېرەك:
(1) پاي چېكى ئاكسىيە بىرژىسىدا سودىغا سېلىنىشقا تەستىقلانغان ۋاقىت؛
(2) شىركەت پاي چېكىنى ئەڭ كۆپ ئىكىلىگەن ئالدىنقى ئون پايچكنىڭ ئىسمىلىكى ۋە ئۇلار ئىگىلىگەن پايچېكنىڭ سانى؛
(3) مۇدىر، نازارەتچى، دىرېكتور ۋە ئالاقىدار ئالىي باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز شىركىتىنىڭ پاي چېكى ۋە زايومنى ئىگىلەش ئەھۋالى.
49 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پاي چېكىنى بازارغا سېلىش شەرتىنى يوقاتقان بولسا، ئۇنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىشى قانۇن بويىچە ۋاقىتلىق توختىتىلىدۇ ياكى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.
50 - ماددا شىركەت ئۆزى تارقىتىدىغان شىركەت زايومنى سودىغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئۇنى ئاكسىيە بىرژىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.
51 - ماددا شىركەتنىڭ ئۆز شىركىتىنىڭ زايومنى سودىغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلىشى تۆۋەندىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت:
(1) شىركەت زايومىنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن ئارتۇق بولۇش؛
(2) شىركەت زايومىنىڭ ئەمەلىي تارقىتىلىش سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 50 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىق؛

(3) شركەت ئۆز زايومنى بازارغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، يەنىلا قانۇندا بەلگىلەنگەن شركەت زايومنى تارقىتىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولۇش.

52 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا شركەت زايومنى سودىغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، تۆۋەندىكى ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك:

(1) پاي چېكىنى بازارغا سېلىش دوكلاتى؛

(2) پاي چېكىنى بازارغا سېلىشنى ئىتىماس قىلىش توغرىسىدىكى مۇدىرىيەت قارارى؛

(3) شركەت نىزامنامىسى؛

(4) شركەتنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى؛

(5) شركەت زايومغا مەبلەغ توپلاش چارىسى؛

(6) شركەت زايومنىڭ ئەمەلىيەتتە تارقىتىلغان سانى.

53 - ماددا شركەت زايومنى سودىغا سېلىش ئىلتىماسنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، شۇ شركەت زايومنى تارقاتقۇچى ئاكسىيە بىرژىسىغا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ھۆججەتنى ۋە ئالدىنقى ماددىدا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

ئاكسىيە بىرژىسى شۇ زايومنى تارقاتقۇچى تاپشۇرغان ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە، شۇ زايومنى سودىغا سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

54 - ماددا شركەت زايومنى سودىغا سېلىش ئىلتىماسىغا ئاكسىيە بىرژىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، تارقاتقۇچى شركەت زايومنى سودىغا سېلىشتىن بەش كۈن بۇرۇن شركەت زايومنى بازارغا سېلىش دوكلاتىنى، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ھۆججەتلەرنى ۋە پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئىلتىماسىغا دائىر ھۆججەتنى ئېلان قىلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىلتىماس ھۆججەتلىرىنى ئاممىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تەييارلاپ قويۇشى كېرەك.

55 ـ ماددا شركەت زايومى سودىغا سېلىنغاندىن كېيىن، شركەتتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ شركەت زايومنى سودىغا سېلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىشنى قارار قىلىدۇ:

(1) شركەت زور قانۇنغا خىلاپ قىلمىش كۆرۈلگەن بولسا؛

(2) شركەت ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ شركەت زايومنى بازارغا سېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغان بولسا؛

(3) شركەت زايومغا توپلىغان مەبلەغنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى ئورگان تەستىقلىغان ئىشلىتىش ئورنى بويىچە ئىشلەتمىگەن بولسا؛

(4) مەجبۇرىيەتنى شىركەت زايومىغا مەبلەغ توپلاش چارىسى بويىچە ئادا قىلمىغان بولسا؛
(5) شىركەت يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇدا زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان بولسا.
56 - ماددا شىركەتتە ئالدىنقى ماددىنىڭ (1)، (4) تارماقچىسىدا كۆرسىتىلگەن
ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققانلىقى تەكشۈرۈشتە
ئېنىقلانغان بولسا ياكى ئالدىنقى ماددىنىڭ (2)، (3)، (5)، تارماقچىسىدا كۆرسىتىلگەن
ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلۈپ، سۈرۈك ئىچىدە شۇ ئەھۋاللار تۈگىتىلمىگەن بولسا، گوۋۇيۈەن
ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ شىركەت زايومىنى بازارغا سېلىشنى
ئاخىر لاشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.
شىركەت تارقىتىۋېتىلگەن، قانۇن بويىچە تاقىۋېتىشكە بۇيرۇلغان ياكى ۋەيران بولغانلىقى
ئېلان قىلىنغان بولسا، ئاكسىيە بىرژىسى شۇ شىركەت زايومىنى بازارغا سېلىشنى
ئاخىرلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى
ئاكسىيە بىرژىسغا پاي چېكىنى ياكى شىركەت زايومىنى بازارغا سېلىشنى قانۇن بويىچە
ۋاقتىلىق توختىتىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش ھوقۇقىنى بەرسە بولىدۇ.
3 - پاراگراف ئۇچۇرنى سىجىل ئاشكارىلاش
58 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقى
ئاقىلىق قانۇن بويىچە پاي چېكى تارقىتىشتا ياكى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن تارماقنىڭ
تەستىقى ئارقىلىق قانۇن بويىچە شىركەت زايومى تارقىتىشتا، شىركەت قانۇنىدىكى
بەلگىلىمە بويىچە پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسىنى، شىركەت زايومىغا
مەبلەغ توپلاش چارىسىنى ئېلان قىلىش كېرەك. قانۇن بويىچە يېڭى پاي چېكى ياكى
شىركەت زايومى تارقىتىدىغانلار يەنە مالىيە - بۇغالتىرلىق دۆكلاتىنىمۇ ئېلان قىلىشى
كېرەك.
59 - ماددا شىركەت ئېلان قىلغان پاي چېكىنى ياكى شىركەت زايومىنى تارقىتىش ۋە ئۇنى
بازارغا سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر راست، مۇكەممەل بولۇشى شەرت، ئۇنىڭدا
يالغان نەرسىلەرنىڭ يېزىلىشىغا، ئازدۇرۇش خاراكتېرىدىكى بايانلارنىڭ بولۇشىغا ياكى
مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
60 - ماددا پاي چېكىنى ياكى شىركەت زايومىنى سودىغا سالغان شىركەت ھەربىر
بوغالتىرىيە يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى ئاياغلاشقان كۈندىن باشلاپ ئىككى ئاي
ئىچىدە، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بىرژىسغا
تۆۋەندىكى مەزمۇنلار يېزىلغان ئوتتۇرا مەۋسۇملۇق دوكلات يوللىشى ھەمدە ئۇنى ئېلان
قىلىشى كېرەك:

(1)شركەتنىڭ مالىيە - بوغالتىرلىق دوكلاتى ۋە تىجارەت ئەھۋالى؛
(2) شركەتكە چېتىشلىق زور دەۋا ئىشلىرى؛
(3) تارقىتىلىپ بولغان پاي چېكى، شركەت زايومىدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىش ئەھۋالى؛
(4) پايچېكلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان مۇھىم ئىشلار؛ (5) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن باشقا ئىشلار.

61 - ماددا پاي چېكىنى ياكى شركەت زايومىنى بازارغا سالغان شركەت ھەربىر بوغالتىرىيە يىلى ئاياغلاشقان كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي ئىچىدە، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بىرژىسىغا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار يېزىلغان يىللىق دوكلات يوللىشى ھەمدە ئۇنى ئېلان قىلىشى كېرەك:
(1) شركەتنىڭ ئومومىي ئەھۋالى؛
(2) شركەتنىڭ مالىيە - بۇغالتىرلىق دوكلاتى ۋە تىجارەت ئەھۋالى؛
(3) مۇدىر، نازارەتچى، دىرېكتور ۋە ئالاقىدار ئالىي باشقۇرغۇچىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ پاي چېكىنى ئىلكىدە تۇتۇش ئەۋالى؛
(4) تارقىتىلىپ بولغان پاي چېكى، شركەت زايومىنىڭ ئەھۋالى جۈملىدىن شركەتنىڭ پاي چېكىنى ئەڭ كۆپ ئىگىلەپ تۇرغان ئالدىنقى ئون پايچېكىنىڭ ئىسمىلىكى ۋە ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان پاي چېكىنىڭ سانى؛
گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن باشقا ئىشلار.

62 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شركەتنىڭ پاي چېكى سودىسى باھاسىغا چوڭقۇراق تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان، لېكىن بۇنىڭدىن مەبلەغ سالغۇچىلار تېخى خەۋەر تاپمىغان زور ۋەقە يۈز بەرگەندە، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شركەت شۇ زور ۋەقەگە ئالاقىدار ئەھۋالنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بىرژىسىغا دەرھال قەرەلسىز دوكلات يوللىشى ھەمدە ئۇنى ئېلان قىلىپ، ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.
تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان زور ۋەقەجۈملىسىگە كىرىدۇ:
(1) شركەتنىڭ تىجارەت فاڭجېنى ۋە تېجارەت دائىرىسىدە كۆرۈلگەن زور ئۆزگىرىش؛
(2) شركەتنىڭ زور مەبلەغ سېلىش ھەركىتى ۋە مال - مۈلۈك سېتىۋېلىشقا دائىر مۇھىم قارارى؛
(3) شركەت تۈزگەن شركەتنىڭ مۈلكى، قەرزى، ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە تىجارەت مۇۋەپپەقىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم توختام؛
(4) شركەتتە زور قەرزدارلىق ئەھۋال ۋە مۇددىتى توشقان زور قەرزنى قايتۇرالماي، ۋەدىگە

خالاپلىق قىلىش ئەھۋالى يۈزبېرىش؛
(5) شىركەتتە زور زىيان كېلىپ چىقىش ياكى ئۇ ساپ مۈلۈكنىڭ 10 تىن ئاشىدىغان زور زىيانغا ئۇچراش؛
(6) شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتكە دائىر تاشقى شارائىتتا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىش؛
(7) شىركەتنىڭ باش مۇدىرى، ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق مۇدىرلىرى ياكى دىرېكتورىدا ئۆزگىرىش بولۇش؛
(8) شىركەتنىڭ 5 تىن يۇقىرى پاي چېكىنى ئىلگىلەپ تۇرغان پايچېكىنىڭ شۇ پاي چېكىنى ئىلگىلەپ تۇرۇش ئەھۋالىدا كۆرۈلگەن چوڭراق ئۆزگىرىش؛
(9) شىركەتنىڭ مەبلەغنى كېمەيتىش، قوشۇلۇپ كېتىش، بۆلۈنۈپ كېتىش، تارقىلىپ كېتىش، تارقىلىپ كېتىش ۋە ۋەيران بولۇشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى؛
(10) شىركەتكە چېتىلىدىغان زور دەۋا، سوت مەھكىمىسىنىڭ پايچېكلار يىغىنىنىڭ، مۇدىرىيەتنىڭ قارارىنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشى؛
(11) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلا%ر.
63 - ماددا تارقاتقۇچى، سېتىپ بەرگۈچى ئاكسىيە شىركىتى ئېلان قىلغان پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسى، شىركەت زايومىغا مەبلەغ توپلاش چارىسى، مالىيە - بۇغالتىرلىق دوكلاتى، پاي چېكىنى بازارغا سېلىش دوكلاتىغا دائىر ھۆججەتلەر، يىللىق دوكلات، ئوتتۇرا مەۋسۇملۇك دوكلات، قەرەلسىز دوكلاتلاردا يالغان نەرسىلەر يېزىلغانلىقى، ئازدۇرۇش خاراكتېرىدىكى بايانلار بولغانلىقى ياكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، مەبلەغ سالغۇچى ئاكسىيە سودىسىدا زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، تارقاتقۇچى، سېتىپ بەرگۈچى ئاكسىيە شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقنى ئۈتىگە ئالىدۇ، تارقاتقۇچى، سېتىپ بەرگۈچى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ جاۋابكار مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى چاتما تۆلەم جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.
64 - ماددا قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئېلان قىلىش شەرت بولغان ئېلان دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بەلگىلىگەن گېزىت - ژۇرناللارغا ياكى مەخسۇس نەشر قىلىندىغان ئاخباراتقا بېسىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى ئاممىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن شىركەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا، ئاكسىيە بىرژىسىغا تەييارلاپ قويۇش كېرەك.
65 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركىتىنىڭ يىللىق دوللاتى، ئوتتۇرا مەۋسۇملۇك دوكلاتى، قەرەلسىز دوكلاتى

شۇنىڭدەك ئۇلار قىلغان ئەھۋالى ئۇستىدىن نازارەت قىلىدۇ، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت تەقسىم قىلىدىغان ياكى نورمىلىق ساتىدىغان يېڭى پاي چېكى ئەھۋالى ئۇستىدىن نازارەت قىلىدۇ.
ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى، ئاكسىيە بىرژىسى، سېتىپ بەرگۇچى ئاكسىيە شىركىتى ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ شىركەت قانۇن، مەمۇرىي نىزامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇلان قىلىشى شەرت بولغان ئۇلانىنىڭ مەزمۇنىنى شۇ ئۇلان چىقىرىشتىن بۇرۇن ئاشكارىلاپ قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.
66 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتلەردىن قانۇنغا خىلاپ زورقىلمىشى بولغان ياكى پاي چېكىنى بازارغا سېلىش شەرتىنى ھازىرلىمىغانلىقىنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىش سالاھىتىنى ئېلىپ تاشلىغان بولسا، ۋاقتىدا ئۇلان چىقىرىشى كېرەك.
ئاكسىيە بىرژىسى ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن قارارنى چىقارغاندا ، ۋاقتىدا ئۇلان قىلىشى ھەمدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلارغا ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.
4 - پاراگراف مەنئى قىلىنىدىغان سودا ھەرىكىتى
67 - ماددا ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئىچكى ئۇچۇردىن خەۋەردار خادىملارنىڭ شۇ ئىچكى ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ ئاكسىيە سودا پائالىيتى ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.
68 - ماددا تۆۋەندىكى خادىملار ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئىچكى ئۇچۇردىن خەۋەردار خادىملار ھېسابلىنىدۇ:
(1) پاي چېكى ياكى شىركەت زايومى تارقىتىدىغان شىركەت مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى، مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋە ئالاقىدار ئالىي باشقۇرغۇچىلار؛
(2) - شىركەتنىڭ 5تىن ئارتۇق پېيىنى ئىگىلەپ تۇرغان پايچىكلار؛
(3) - پاي چېكى تارقىتىدىغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى كونترول قىلىدىغان شىركەتنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىرى ؛
(4) - شىركەتتە ئۆتەۋەتقان ۋەزىپىسى بىلەن شىركەتنىڭ ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولالايدىغان خادىملار؛
(5) - ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملار ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسى بويىچە ئاكسىيە سودىسىنى باشقۇرىدىغان باشقا خادىملار؛
(6) - قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسى بويىچە ئاكسىيە سودىسىغا ئارىلىشىدىغان ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار ياكى ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ۋە

ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى؛
69 - ماددا ئاكسىيە سودا پائالىيىتىدە شىركەتنىڭ تىجارىتى، مالىيىسىگە چېتىلىدىغان ياكى شۇ شىركەت ئاكسىيىسىنىڭ بازار باھاسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان لېكىن تېخى ئاشكارىلانمىغان ئۇچۇر ئىچكى ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ.
تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ:
(1) مۇشۇ قانۇننىڭ 62 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن زور ۋەقەلەر؛
(2) شىركەتنىڭ پاي چېكى پايدىسىنى تەقسىم قىلىش ياكى مەبلەغنى كۆپەيتىش پىلانى؛
(3) شىركەتنىڭ پاي ھوقۇقى قۇرۇلمىسىغا دائىر زور ئۆزگىرىشلەر؛
(4) شىركەتنىڭ قەرز كېپىللىكىگە دائىر زور ئۆزگىرىشلەر؛
(5) شىركەتنىڭ تىجارەتكە ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق مۈلۈكنى رەنىگە قويۇشى، سېتىشى ياكى بىراك قىلىشى بىر قېتىمدا شۇ مۈلۈكنىڭ 30 نىدىن ئېشىپ كېتىش؛
(6) شىركەت مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى، مۇئاۋىن دىرېكتورى ياكى باشقا ئالىي باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن قانۇن بويىچە ئۇستىگە ئېلىش ئېھتىمالى بولغان زور زىيانغا دائىر تۆلەم جاۋابكارلىقى؛
(7) پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىشقا ئالاقىدار لايىھە؛
(8) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئېتىراپ قىلغان، ئاكسىيە سودا ئىچكى ئۇچۇردىن خەۋەردار خادىملارنىڭ ياكى ئىچكى ئۇچۇرغا قانۇنسىز ئېرىشكەن باشقا خادىملارنىڭ شۇ شىركەتنىڭ ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان ئاكسىيىسىنى سېتىۋېلىشىغا ياكى سېتىشىغا، ياكى شۇ ئۇچۇرنى ئاشكارىلىشىغا، ياكى باشقىلارنى شۇ ئاكسىيىنى سېتىۋېلىش - سېتىشقا تەۋسىيە قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ%.5 تىن ئارتۇق پاينى ئىگىلەپ تۇرغان پايچېكنىڭ پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پېيىنى سېتىۋېلىشى توغرىسىدا مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە بولسا، ئۇنىڭغا شۇ بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ%.
71 - ماددا ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۆۋەندىكى ۋاستىلەر ئارقىلىق نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ياكى خەۋپ - خەتەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇشى مەنئى قىلىنىدۇ:
(1) - ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ سۈيىقەست قىلىپ، مەبلەغ ئۈستۈنلۈكى، پاي ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈستۈنلۈكى ياكى ئۇچۇردىن پايدىلىنىش ئۈستۈنلۈكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ياكى ئۇدا ئېلىپ سېتىش ئارقىلىق ئاكسىيە سودا باھاسىنى تىزگىنلەش؛
(2) - باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، ئالدىنئالا كېلىشۋالغان ۋاقىت، باھا ۋە ئۇسۇل بىلەن ئۆزئارا ئاكسىيە سودىسى قىلىپ ياكى ئۆز ئىلكىدە بولمىغان ئاكسىيىنى ئۆزئارا سېتىۋېلىپ - سېتىپ، ئاكسىيە سودىسى باھاسىغا ياكى ئاكسىيە سودىسىنىڭ مىقدارىغا

تەسىر تەتكۈزۈش؛
(3) - ئۆزىنى سودا ئوبيېكتى قىلىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكىمەي ئۆزى ئېلىپ، ئۆزى سېتىپ، ئاكسىيە سودا باھاسىغا ياكى ئاكسىيە سودىسىنىڭ مىقدارىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛
(4) - باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاكسىيە سودا باھاسىنى تىزگىنلەش.
72 - ماددا دۆلەت خادىملىرىنىڭ، ئاخبارات تارقىتىش ۋاستىسى كەسپىي خادىملىرىنىڭ ۋە باشقا خادىملارنىڭ يالغان ئۇچۇر توقۇپ ۋە تارقىتىپ، ئاكسىيە سودىسىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشى مەنئى قىلىنىدۇ.
ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلار، ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە شۇ ئاپپاراتلاردىكى كەسىپىي خادىملارنىڭ، ئاكسىيە ئىشلىرى جەمئىيىتى، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ ئاكسىيە سودىسى پائالىيىتى داۋامىدا يالغان سۆزلەش ياكى ئۇچۇر جەھەتتە ئازدۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.
تۈرلۈك ئاخبارات تارقىتىش ۋاستىسى تارقىتىدىغان ئاكسىيە سودا ئۇچۇرى راست، ئوبيېكتىپ بولۇشى شەرت، ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.
73 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدا، ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ ۋە شۇ شىركەتلەردىكى كەسىپىي خادىملارنىڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئالدامچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛
(1) مۇئامىلىدارلارنىڭ ھاۋالىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۇلارغا ئاكسىيە ئېلىپ سېتىپ بېرىش؛
(2) مۇئامىلىدارلارغا سودىنىڭ يازما مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆججەتلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بەرمەسلىك؛
(3) مۇئامىلىدارلار سېتىۋېلىش - سېتىشقا ھاۋالە قىلغان ئاكسىيىنى ياكى مۇئامىلىدارلارنىڭ ھېسابىدىكى مەبلەغنى ئىشلىتىۋېلىش؛
(4) مۇئامىلىدارلارنىڭ ھېسابىدىكى ئاكسىيىنى ئۆز مەيلىچە سېتىۋېلىش - سېتىش ياكى مۇئامىلىدارلارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ ئاكسىيە سېتىۋېلىش - سېتىش؛
(5) شېرىنكانە كىرىمنى كۆزلەپ مۇئامىلىدارلارنى زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئاكسىيە سودىسىغا قىزىقتۇرۇش؛
(6) مۇئامىلىدارلارنىڭ ھەقىقىي نىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.
74 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدا، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئۆز شەخسىي نامىدا ھېساب ئېچىپ،

ئاكسىيە سېتىۋېلىش - سېتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.
75 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدا، ھارقانداق ئادەمنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى ئاكسىيە سېتىۋېلىش - سېتىشقا ئىشلىتىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.
76 - ماددا دۆلەت كەرخانىلىرىنىڭ ۋە دۆلەت مۇلكى ئارقىلىق پاي چېكى كونترول قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ بازارغا سېلىنغان پاي چېكىنى سېتىۋېلىش - سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
77 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيە سودىسى ئۆچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلار، ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە ئۇلارنىڭ كەسپكارلىرى ئاكسىيە سودىسى داۋامىدا سەزگەن مەنئى قىلىنىدىغان سودا ھەرىكەتلىرىنى دەرھال ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك.
4 - باب پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىش.
78 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىشتا تەكلىپ بويىچە سېتىۋېلىش ياكى كېلىشىم بويىچە سېتىۋېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ.
79 - ماددا مەبلەغ سالغۇچى ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئاكسىيە سودىسى ئارقىلىق، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان بىر شىركەت تارقاتقان پاينىڭ 5 نى ئىگىلىگەنلىكى پاكىتقا ئايلانغان كۈنىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا، ئاكسىيە بىرژىسىغا يازما دوكلات قىلىش، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش ھەمدە ئۇنى ئېلان قىلىشى كېرەك؛ يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى يەنە ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.
مەبلەغ سالغۇچى پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان بىر شىركەت تارقاتقان پاينىڭ 5 نى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئاكسىيە سودىسى ئارقىلىق پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەت تارقاتقان پايدىن ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان پاي نىسبىتى ھەر 5 ئاشقاندا ياكى كېمەيگەندە، ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە دوكلات قىلىشى ۋە ئېلان قىلىشى كېرەك. دوكلارت قىلىش مۇددىتى ئىچىدە ۋە دوكلات قىلغان، ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى يەنە ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدە%ۇ.
80 - ماددا ئالدىنقى ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە قىلىنغان يازما دوكلات ۋە ئېلان تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆزئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) پاي چېكنى ئىلكىدە تۇتقۇچىنىڭ نامى، تۇرار جايى؛
(2) ئىلكىدىكى پاي چېكىنىڭ نامى، سانى؛
(3) ئىلكىدىكى پاي چېكى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىسبەتكە يەتكەن ياكى ئىلكىدىكى پاي چېكىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىش قانۇندا بەلگىلەنگەن نىسبەتكە يەتكەن ۋاقىت.

81 - ماددا مابلەغ سالغۇچى ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئاكسىيە سودىسى ئارقىلىق، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان بىر شىركەت تارقاتقان پاينىڭ 30 نى ئىلكىدە تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنى داۋاملىق سېتىۋالماقچى بولسا، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەتنىڭ بارلىق پايچېكلىرىغا قانۇن يويىچە سېتىۋېلىش تەكلىپى بېرىشى كېرەك. لېكىن گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەكلىپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا%١.

82 - ماددا سېتىۋالغۇچى ئالدىنقى ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سېتىۋېلىش تەكلىپى بېرىشتە، ئالدى بىلەن گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى دوكلات يوللىشى ھەمدە ئۇ دوكلاتقا تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئېنىق يېزىشى كېرەك:
(1) سېتىۋالغۇچىنىڭ نامى، تۇرارجايى؛
(2) سېتىۋالغۇچىنىڭ سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى قارارى؛
(3) سېتىۋېلىنىدىغان پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ نامى؛
(4) سېتىۋېلىش مۇددىئاسى؛
(5) سېتىۋېلىنىدىغان پاينىڭ تەپسىلىي نامى ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىنىدىغان پاي چېكىنىڭ سانى؛
(6) سېتىۋېلىش مۇددىتى ۋە سېتىۋېلىش باھاسى؛
(7) سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ سانى ۋە مەبلەغ كاپالىتى؛
(8) پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىش دوكلاتىنى يوللىغان چاغدىكى ئىلكىدىكى سېتىۋېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پاي چېكى سانىنىڭ شۇ شىركەت تارقاتقان پاي چېكىنىڭ ئومۇمي سانىدا تۇتقان نىسبىتى.
سېتىۋالغۇچى يەنە ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن شىركەتنى سېتىۋېلىش دوكلاتىنىمۇ ئاكسىيە بىرژىسىغا شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاپشۇرۇشى كېرەك.

83 ماددا سېتىۋالغۇچى ئالدىنقى ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىش دوكلاتىنى يوللىغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈندىن

كېيىن، ئۆزىنىڭ سېتىۋېلىش تەكلىپىنى ئېلان قىلىشى كېرەك.
سېتىۋېلىش تەكلىپى بېرىش مۇددىتىنى 30 كۈندىن كەم قىلماسلىقى ۋە 60 كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.
84 - ماددا سېتىۋېلىش تەكلىپى كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە، ئۆزى بەرگەن سېتىۋېلىش تەكلىپىدىن يېنىۋالسا بولمايدۇ.
سېتىۋالغۇچى سېتىۋېلىش تەكلىپى كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە، سېتىۋېلىش تەكلىپىدىكى ئىشلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بېرژىسىغا دوكلات يوللاپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئېلان قىلىشى شەرت.
85 - ماددا سېتىۋېلىش تەكلىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سېتىۋېلىش شەرتلىرى سېتىۋېلىنىدىغان شىركەت پايچېكلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەتبىقلىنىدۇ.
86 - ماددا سېتىۋېلىش تەكلىپىنى بېرىش مۇددىتى توشقاندا، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىلكىدىكى سېتىۋېلىنىدىغان شىركەت پاي چېكىنىڭ سانى شۇ شىركەت تارقاتقان پاي چېكى ئومۇمىي سانىنىڭ 75 ىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى ئاكسىيە بىرژىسىدا سودىغا سېلىش ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى كېرە%ك.
87 - ماددا سېتىۋېلىش تەكلىپىنى بېرىش مۇددىتى توشقاندا، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىلكىدىكى سېتىۋېلىنىدىغان شىركەت پاي چېكىنىڭ سانى شۇ شىركەت تارقاتقان ئومۇمىي پاي چېكى سانىنىڭ 90ىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، شۇ سېتىۋېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى يەنىلا ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان باشقا پايچېكلار ئۆز ئىلكىدىكى پاي چېكىنى سېتىۋالغۇچىغا سېتىۋېلىش تەكلىپىدىكى ئوخشاش شەرت بويىچە سېتىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق، سېتىۋالغۇچى ئۇنى سېتىۋېلىشى كېرەك.
سېتىۋېلىش ھەركىتى تارماقلانغاندىن كېيىن، سېتىۋېلىنىدىغان شىركەت شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە توشمايدىغان بولۇپ قالسا، قانۇن بويىچە ئۇنىڭ كارخانىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتىش كېرە%ك.
88 - ماددا تەكلىپ بويىچە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان سېتىۋالغاچىنىڭ سېتىۋېلىش تەكلىپىنى بېرىش مۇددىتى ئىچىدە، سېتىۋېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى تەكلىپتە بەلگىلەنگەن شەكىلدىن باشقا شەكىلى قوللىنىپ ۋە تەكلىپتىكى شەرتلەردىن ھالقىغان ھالدا ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.
89 - ماددا كېلىشىم بويىچە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان سېتىۋالغۇچى سېتىۋېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پايچېكلىرى بىلەن كېلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قانۇن،

مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە پاي چېكى ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ.
سېتىۋالغاچى پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى كېلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سېتىۋېلىشتا، كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، شۇ سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئۈستىدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بىرژىسىغا يازما دوكلات قىلىشى ھەمدە ئۇنى ئېلان قىلىشى شەرت. ئېلان چىقىرىشتىن بۇرۇن سېتىۋېلىش كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.
90 - ماددا كېلىشىم بويىچە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا، كېلىشىم تۈزگۈچى ئىككى تەرەپ كېلىشىم بويىچە ئۆتكۈزىدىغان پاي چېكىنى ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىغا ساقلاپ بېرىشكە ۋاقىتلىق ھاۋالە قىلسا ھەمدە مەبلەغنى كۆرسىتىلگەن بانكىغا قويۇپ تۇرسا بولىدۇ.
91 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىشتا، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىلكىدىكى سېتىۋېلىنىدىغان، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋېلىش ھەرىكىتى تاماملانغاندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ.
92 - ماددا سېتىۋېلىنىدىغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى تەكلىپ بىلەن سېتىۋېلىش ياكى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئۇ شىركەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شىركەتنى قوشۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان شۇ شىركەتنىڭ ئىلگىرىكى پاي چېكىنى سېتىۋالغۇچى قانۇن بويىچە ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ.
93 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنى سېتىۋېلىش ھەرىكىتى تاماملانغاندىن كېيىن، سېتىۋالغۇچى سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى 15 كۈن ئىچىدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋە ئاكسىيە بىرژىسىغا دوكلات قىلىشى ۋە ئېلان قىلىشى كېرەك.
94 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغا شىركەتنى سېتىۋېلىش دۆلەت مەبلەغ سېلىشقا ھوقۇق بەرگەن ئاپپارات ئىلكىدىكى پايغا تاقالسا، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئالاقىدار مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.
5 - باب ئاكسىيە بىرژىسى
95 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەيدىغان، ئاكسىيە كۆجۈم رىقابەتلىك باھا سودىسى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان قانۇنىي ئىگە.
ئاكسىيە بىرژىسىنى تەسىس قىلىش ۋە تارقىتىۋېتىشنى گوۋۇيۈەن بەلگىلەيدۇ.

96 - ماددا ئاكسيه بىرژىسنى تەسس قىلىشتا نىزامنامە تۈزۈش شەرت.
ئاكسيه بىرژىسى نىزامنامىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش گوۋۇيۈەن ئاكسيه نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.
97 - ماددا ئاكسيه بىرژىسىنىڭ نامىغا ئاكسيه بىرژىسى دېگەن سۆز ئېنىق يېزىلىشى شەرت. باشقا ھەرقانداق ئورون ياكى شەخسنىڭ ئاكسيه بىرژىسى دېگەن نامنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نامنى ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
98 - ماددا ئاكسيه بىرژىسى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان تۈرلۈك خىراجەت ۋە كىرىمنى ئالدى بىلەن ئۆز ئاكسيه سودىسى سورۇنىنىڭ ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ھەمدە ئۆلارنى پەيدىنپەي ياخشىلاشقا ئىشلىتىشى كېرەك.
ئاكسيه بىرژىسىنىڭ جۇغلانمىسى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ھوقۇق - مانپەئىتىدىن ئەزالار تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭ جۇغلانمىسىنى ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.
99 - ماددا ئاكسيه بىرژىسىدا مۇدىرىيەت تەسس قىلىنىدۇ.
100 - ماددا ئاكسيه بىرژىسىدا بىر باش دىرېكتور قويۇلىدۇ، ئۇنى گوۋۇيۈەن ئاكسيه نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ.
101 - ماددا شىركەت قانۇنىنىڭ 57 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ ياكى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنىڭ ئاكسيه بىرژىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ:
(1) قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئاكسيه بىرژىسى، ئاكسيه تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلى ياكى ئاكسيه شىركىتىنىڭ مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى بولۇپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بەش يىلدىن ئاشمىغانلار؛
(2) قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى بولغانلىقى ئۈچۈن سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئادۋوكات، رويخەتكە ئېلىنغان بوغالتىر ياكى قۇنۇندا بەلگىلەنگەن مۇلۇك باھالاش ئاپپاراتى، دەلىللىگۈچى ئاپپاراتىنىڭ كەسپىي خادىملىرى بولۇپ، سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بەش يىلدىن ئاشمىغانلار.
102 - ماددا قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتىن قوغلانغان ئاكسيه بىرژىسى، ئاكسيه تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسيه شىركىتىنىڭ كەسپىكارلىرىنى ۋە خىزمەتتىن قوغلانغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى ئاكسيه بىرژىسىنىڭ كەسپىكارلىقىغا تەكلىپ قىلىشقا بولمايدۇ.

103 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسىغا كىرىپ كۆجۇم رىقابەتلىك باھا سودىسىغا قاتنىشىدىغانلار ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئەزاسلىقى سالاھىيىتىگە ئىگە ئاكسىيە شىركىتى بولۇشى شەرت.

104 - ماددا مەبلەغ سالغۇچى ئاكسىيە شىركىتىدە ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ھېساب ئېچىپ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئاكسىيە سودىسى قىلىشنى ئۆزى ئۇچۇن ھېساب ئاچقان ئاكسىيە شىركىتىگە يېزىق، تېلىفون ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھاۋالە قىلىشى كېرەك. مەبلەغ سالغۇچى ئۆزى ھېساب ئاچقان ئاكسىيە شىركىتى ئارقىلىق ئاكسىيە سودىسى قىلماقچى بولسا، بازار باھاسى بويىچە ھاۋالە قىلىشى ياكى چەك قويۇلغان باھا بويىچە ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

105 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ۋاقىت ئۇستۇنلۈكى قائىدىسىگە ئاساسەن سودا باشلاشنى تەلەپ قىلىپ، ئاكسىيە بىرژىسى سورۇنىدىكى كۆجۇم رىقابەتلىك باھا سودىسىغا ئارىلىشىدۇ؛ ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى پۈتتۈشۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، راسچوت قىلىپ ھېسابىنى ئۆزلۈش قائىدىسى بويىچە، ئاكسىيە ۋە مەبلەغنىڭ ھېسابىنى ئۆزلۈپ، ئاكسىيە تىزىملاش - مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يەڭگۈشلەش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ.

106 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ ياكى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، شۇ كۈن سېتىۋالغان ئاكسىيىنى شۇ كۈنى ساتسا بولمايدۇ.

107 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى ئادىل بولغان كۆجۇم رىقابەتلىك باھا سودىسىنى ئۈزۈلمەي كاپالەتلىك قىلىشى، ئاكسىيە سودىسىغا دائىر بازار ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۈرۈشى ھەمدە سودا كۈنى بويىچە ئاكسىيە بازىرى ئاھۋالىغا دائىر جەدۋەل تۈزۈپ، ئېلان قىلىش كېرەك.

108 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پاي چېكى، شىركەت زايومىنى بازارغا سېلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىش، بازارغا سېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىشىنى بېجىرىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

109 - ماددا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئاكسىيە سودىسىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكەندە، ئاكسىيە بىرژىسى باھا چىقىرىشنى توختىتىش بويىچە تېخنىكىلىق تەدبىر قوللانسا بولىدۇ؛ تەڭگىلى بولمايدىغان تۇيۇقسىز ۋەقە تۈپەيلىدىن ياكى ئاكسىيە سودىسىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاكسىيە بىرژىسى بازارنى ۋاقىتلىق توختىتىشنى قارار قىلسا بولىدۇ.

ئاكسىيە بىرژىسى باھا چىقىرىشنى توختىتىش بويىچە تېخنىكىلىق تەدبىر قوللانغاندا ياكى بازارنى ۋاقىتلىق توختىتىشنى قارار قىلغاندا، ئۇنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىش شەرت.
110 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى بىرژىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاكسىيە سودىسىنى دەل ۋاقتىدا نازارەت قىلىدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ ھەمدە گوۋۇيۈەن ئاكستە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەلپىگە بىنائەن، بىنورمال سودا ئەھۋالى ئۈستىدە دوكلات يوللاپ تۇرىدۇ.
ئاكسىيە بىرژىسى پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت ئېلان قىلغان ئۇچۇر ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىشى، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتنىڭ ئۇچۇرنى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا، توغرا ئېلان قىلىشغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.
111 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى ئۆزى يىغىدىغان سودا خىراجىتىدىن ۋە ئەزالىق بەدىلىدىن، ئورۇن ھەققىدىن مەلۇم نىسبەتتە پۇل ئاجرىتىپ خەۋپ - خەتەر فوندى تەسىس قىلىشى كېرەك. خەۋپ - خەتەر فوندىنى ئاكسىيە بىرژىسى مۇدىرىيىتى باشقۇرىدۇ.
خەۋپ - خەتەر فوندى ئاجرىتىشنىڭ كونكرېت نىسبىتىنى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش چارىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە تارمىقى بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەيدۇ.
112 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى يىغىپ ساقلايدىغان سودا كاپالەت پۇلى، خەۋپ - خەتەر فوندىنى ئۆزى ھېساب ئاچقان بانكىنىڭ مەخسۇس ھېسابىغا كىرگۈزۈپ ساقلىشى كېرەك، ئۇنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.
113 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى ئاكسىيگە دائىر قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارغا ئاساسەن، ئاكسىيە كۆجۈم رىقابەت باھا سودىسىنىڭ كونكرېت قائىدىسىنى، ئاكسىيە بىرژىسى ئەزالىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى ۋە ئاكسىيە بىرژىسى كەسپكارلىرىنىڭ كەسپ قائىدىسى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۇنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا يوللاپ تەستىقلىتىشى كېرەك.
114 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە باشقا كەسپكارلىرى ئاكسىيە سودىسغا ئالاقىدار ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، ئۆزى ياكى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسىلا چەتلەپ تۇرۇشى كېرەك.
115 ـ ماددا قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن سودا نىزامىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان سودىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.
سودىدا قائىدىگە خىلاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ؛

قائىدىگە خىلاپ سودىدا ئالغان پايدا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.
116 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسىدا ئاكسىيە سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملاردىن ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئالاقىدار سودا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغان ئاكسىيە بىرژىسى ئىنتىزام جازاسى بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەيدانغا كىرىپ ئاكسىيە سودىسى قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.
6 - باب ئاكسىيە شىركىتى.
117 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى تەسىس قىلىشنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەستىقلاتمىغانلارنىڭ ئاكسىيە كەسپى بىلەن شوغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
118 - ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان ئاكسىيە شىركىتى شىركەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ۋە ئالدىنقى ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىنىپ، ئاكسىيە تىجارىتى كەسپى بىلەن شوغۇللىنىدىغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى ياكى چەكلىك پاي شىركىتىنى كۆرسىتىدۇ.
119 - ماددا دۆلەت ئاكسىيە شىركەيلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرىدۇ، ئۇلار ئۇنىۋېرسال تۈردىكى ئاكسىيە شىركىتى ۋە ۋاستىچىلىك تۈردىكى ئاكسىيە شىركىتى دەپ ئايرىلىدۇ ھەمدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئۇلارغا ئۆز تۈرى بويىچە كەسپ ئىجازەتنامىسى بېرىدۇ.
120 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئۆز نامىغا ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياكى ئاكسىيە چەكلىل پاي شىركىتى دەپ ئېنىق يېزىلىپ قويۇشى شەرت.
ۋاستىچىلىك تۈرىدىكى ئاكسىيە شىركىتى ئۆز نامىغا ۋاستىچىلىك دەپ ئېنىق يېزىپ قۇيۇشى شەرت.
121 - ماددا ئۇنىۋېرسال تۈردىكى ئاكسىيە شىركىتىنى تەسىس قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلاش شەرت:
(1) رۇيخەتكە ئېلىنغان كاپىتالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى خەلق پۇلى ھېسابىدا 500 مىلىيون يۈەن بولۇش؛
(2) ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە كەسپىي خادىملىرى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش؛
(3) تۇراقلىق تىجارەت سورۇنى ۋە يارامىلىق سودا ئەسلىھەلىرى بولۇش؛
(4) مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە قېلىپلاشقان، ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان كەسپ بىلەن

ۋاستىچىلىك كەسپىنى ئايرىپ باشقۇرىدىغان سىستېمىسى بولۇش.
122 - ماددا ۋاستىچىلىك تۈرىدىكى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان كاپىتالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى خەلق پۇلى ھېسابىدا 50 مىليون يۈەن بولىدۇ؛ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە كەسپىي خادىملىرى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى شەرت؛ تۇرۇقلۇق تىجارەت سورۇنى ۋە يارەملىق سودا ئەسلىھەلىرى بولۇشى؛ مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇش كېرەك.
123 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى شۆبە ئاپپارات تەسىس قىلماقچى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولسا، كەسپ دائىرسىنى ياكى رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، شىركەت نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتمەكچى،قوشۇلۇپ كەرمەكچى، بۆلۈنۈپ كەتمەكچى بولسا، شىركەت شەكلىنى ئۆزگەرتمەكچى ياكى ئۇنى تارقىتىۋەتمەكچى بولسا، ئۇنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىشى شەرت.
124 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ تاشقى قەرز ئومۇمىي سوممىسى ئۇنىڭ ساپ مۈلكىنىڭ بەلگىلەنگەن ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭ تۇراقسىز ئومۇمىي قەرز سوممىسى تۇراقسىز مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ ئۇنىڭ كونكرېت ھەسسىسى، نىسبىتى ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلەيدۇ.
125 - ماددا شىركەت قانۇنىنىڭ 57 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ ياكى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئاكسىيە شىركىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، نازارەتچىسلىكىنى ياكى دىرېكتورلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ:
(1) قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ مەسئۇلى ياكى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى بولۇپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بەش يىلدىن ئاشمىغانلار؛
(2) قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىش بولغانلىقى ئۈچۈن سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان ئادۋوكات، رويخەتكە ئېلىنغان نوغالتىر ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتى، دەلىللىگۈچى ئاپپاراتىنىڭ كەسپىي خادىملىرى بولۇپ، سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بەش يىلدىن ئاشمىغانلار.
126 - ماددا قانۇنغا ياكى ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتىن قوغلانغان ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ،

ئاكسىيە شىركىتىنىڭ كەسپكارلىرىنى ۋە خىزمەتتىن قوغلانغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ كەسپكارلىقىغا تەكلىپ قىلىشقا بولمايدۇ.
127 - ماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ ۋە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا شىركەتلەردە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشى مەنئى قىلىنغانلىقى بەلگىلەنگەن باشقا خادىملارنىڭ ئاكسىيە شىركەتلىرىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ مۇدىرى، نازارەتچىسى، دىرېكتورى ۋە كەسپىي خادىملىرىنىڭ باشقا ئاكسىيە شىركەتلىرىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
128 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ھەر يىلى باج تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پايدىدىن سودا خەۋپ - خەتىرى ئېھتىيات فوندى ئاجرىتىپ، ئاكسىيە سودىسىدا كۆرۈلگەن زىياننى تولدۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭ ئاجرىتىۋېلىنىدىغان كونكرېت نىسبىتىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلەيدۇ.
129 - ماددا ئۇنىۋېرسال تۈردىكى ئاكسىيە شىركىتى تۆۋەندىكى ئاكسىيە كەسپىنى يولغا قويسا بولىدۇ:
(1) ئاكسىيە ۋاستىچىلىك كەسپى؛
(2) ئاكسىيىنى ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپى؛
(3) ئاكسىيە سېتىپ بېرىش كەسپى؛
(4) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن باشقا ئاكسىيە كەسپلىرى.
130 - ماددا ۋاستىچىلىك تۈردىكى ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ مەخسۇس ئاكسىيە ۋاستىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغىلا يول قويۇلىدۇ.
131 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئالدىنقى ئىككى ماددىدا بەلگىلەنگەن كەسپلەر بويىچە، كەسپ دائىرىسىگە ئالاقىدار ئىلتىماس سۇنۇپ، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.
ئاكسىيە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كەسپ دائىرىسىدىن ھالقىپ ئاكسىيە كەسپى ۋە باشقا كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
132 - ماددا ئۇنىۋىرسال تۈردىكى ئاكسىيە شىركەتلىرى ئۆزىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپى بىلەن ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپىنى ئايرىم - ئايرىم بېجىرىشى، كەسپىي خادىملىرىنى، مالىيە ھېسابىنى ئايرىۋېتىشى كېرەك، ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ.
مۇئامىلىدارلارنىڭ سودا راسچوت مەبلىغى بەلگىلەنگەن سودا بانكىسىغا تولۇق قويۇلۇشى،

ئايرىم ھېساب ئېچىپ باشقۇرۇلۇشى شەرت. مۇئامىلىدارلارنىڭ سودا راسچوت مەبلىغىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

133 - ماددا بانكا مەبلىغىنىڭ قائىدىگە خىلاپ ھالدا پاي چېكى بازىرىغا ئېقىپ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپىدە ئۆز ئىختىيارىدىكى مەبلەغ ۋە قانۇن بويىچە جۇغلانغان مەبلەغ ئىشلىتىلىشى شەرت.

134 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپىنى ئۆز نامىدا ئېلىپ بېرىشى شەرت، ئۇنى باشقىلارنىڭ نامىدا ياكى شەخس نامىدا ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئاكسىيە شىركىتى ئۆزىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ھېسابىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ تۇرسا بولمايدۇ.

135 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ.

136 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇناسىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش تەلىپىدىكىگە يەتمىسە، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئۇنىڭ ئالاقىدار كەسىپ دائىرىسى ئۇستىدىكى بېكىتمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

137 - ماددا ئاكسىيە سودىسىدا، مۇئامىلىدارلارغا ۋاكالىتەن ئاكسىيە سودىسى قىلىدىغان، ۋاستىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاكسىيە شىركىتى قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان ئاكسىيە ۋاستىچىسى بولىدۇ.

138 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ۋاستىچىلىك كەسپىنى بېجىرگەندە، مۇئامىلىدارلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاكسىيە ھېسابى ۋە مەبلەغ ھېسابى ئېچىپ بېرىشى ھەمدە مۇئامىلىدارلار تاپشۇرغان ئاكسىيە ۋە مەبلەغنى ھەربىر مۇئامىلىنىڭ ھېسابى بويىچە ئايرىپ باشقۇرۇشى، سودا خاتىرىسىنى ساختىپەزلىك قىلماي، ئەينەن خاتىرىلىشى شەرت. مۇئامىلىدارلارنىڭ ھېساب ئاچقاندا، ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇقراسىلىق سالاھىيىتىنى ياكى جۇڭگو قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان قانۇنلۇق گۇۋاھنامىسى بولۇشى شەرت.

139 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ۋاستىچىلىك كەسپىنى بېجىرىشتە، ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىرتۇتاش تۈزۈلگەن ئاكسىيە سودا ھاۋالىنامىسىنى تەييارلاپ قويۇشى كېرەك. باشقا ھاۋالە ئۇسۇلىنى قوللانسا، ھاۋالە خاتىرىسى يېزىش شەرت.

مۇئاملىدارلارنىڭ ئاكسىيە سودا ھاۋالىسى ۋۇجۇدقا چىقىش - چىقماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھاۋالە خاتىرسى بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ئاكسىيە شىركىتىدە ساقلىنىشى كېرەك.
140 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە سودا ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھاۋالىنامىدە ئېنىق يېزىلغان ئاكسىيە نامى، ئېلىپ سېتىلىش سانى، باھا قويۇش ئۇسۇلى، باھا دائىرىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، سودا قائىدىسى بويىچە ئاكسىينى ۋاكالىتەن ئېلىپ سېتىشى كېرەك؛ سودا ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە سودا ۋۇجۇدقا چىققانلىق مەلۇمات تالونى تەييارلاپ مۇئاملىدارغا بېرىشى كېرەك.
ئاكسىيە سودىسىدا سودا ھەرىكىتى ۋە سودا نەتىجىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونى ھەقىقىي بولۇشى ھەمدە ئۇنى سودا بېجىرگۈچى خادىملاردىن باشقا تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرغۇچى خادىملار بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ھېسابتىكى قالدۇق ئاكسىيە بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېلىكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئاكسىيىنىڭ بىردەك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت.
141 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ ساتقان ئاكسىيە مۇئاملىدارلارنىڭ ئاكسىيە ھېسابىدىكى نەق ئاكسىيە بولۇشى شەرت، مۇئاملىدارلارغا ئاكسىيە يۆرۈشتۈرۈش سودىسى قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.
ئاكسىيە شىركىتى ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ سېتىۋالغان ئاكسىيە مۇئاملىدارلارنىڭ مەبلەغ ھېسابىدا نەق مەبلەغ يۆرۈشتۈرۈش سودىسى قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.
142 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىنى بېجىرىشتە، مۇئاملىدارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاكسىيە سودىسى قىلىشنى، ئاكسىيە تۈرىنى تاللاشنى قارارقىلىشىغا، ئېلىپ سېتىش سانىنى - باھاسىنى بەلگىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
143 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ مۇئاملىدارنىڭ ئاكسىيە سودىسىدا پايدا ئېلىش توغرىسىدا ياكى ئاكسىيە سودىسىدا تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش توغرىسىدا ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ۋەدە بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
144 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ كەسپكارلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق تەسىس قىلىنغان تىجارەت سورۇنىدىن باشقا يەردە مۇئاملىدارلارنىڭ ئاكسىيە ئېلىپ سېتىش توغرىسىدىكى ھاۋالىسىنى يەكە ئىچىدە قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
145 - ماددا ئاكسىيە شىركىتىنىڭ كەسپكارلىرى ئاكسىيە سودىسى پائالىيىتىدە، ئۆزى قاراشلىق ئاكسىيە شىركىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياكى ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ سودا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭ بارلىق جاۋابكارلىقىنى ئۇ قاراشلىق ئاكسىيە شىركىتى ئۈستىگە ئالىدۇ.

7 ـ باب ئاكسىيە تىزىملاش ـ راسچوت قىلىش ئاپپاراتى

146 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ئاكسىيە سودىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تىزىملاش، ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش ۋە راسچوت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان، پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەيدىغان قانۇنىي ئىگە.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشتا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت.

147 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) ئۆز مەبلىغى خەلق پۇلى ھېسابىدا 200 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىق؛

(2) ئاكسىيە تىزىملاش، ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش ۋە راسچوت قىلىش مۇلازىمىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سورۇن ۋە ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولۇش؛

(3) ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلىرى ۋە كەسپىي خادىملىرى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىتىگە ئىگە بولۇش؛

(4) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن باشقا شەرتلەر.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ نامىغا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش دېگەن سۆزلەر ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

148 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيىلەرنى ئادا قىلىدۇ:

(1) ئاكسىيە ھېسابى، راسچوت ھېسابى تەسىس قىلىش؛

(2) ئاكسىيىنى ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش ۋە مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يەڭگۈشلەش؛

(3) ئاكسىيە ئىگىسىنىڭ نامىنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش؛

(4) ئاكسىيە بىرژىسى بازارغا سالغان ئاكسىيىنىڭ سودا ھېسابىنى قىلىش ۋە ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ (5) تارقاتقۇچىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاكسىيە ھوقۇق - مەنپەئەت ۋەزىپىسىنى يۆتكەش؛

(6) يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەسپلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۈرۈشتۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىش؛

(7) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەستىقلىغان باشقا كەسپلەر.

149 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىشتا مەملىكەت بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرگەن تىجارەت ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ نىزامنامىسى، كەسپ قائىدىسى قانۇن

بويىچە تۈزۈلۈشى ھەمدە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

150 - ماددا ئاكسىيە ئىگىسى ئىلكىدىكى ئاكسىيىنى سودىغا سېلىشتىن ئىلگىرى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تولۇق ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ مۇئامىلىدارنىڭ ئاكسىيىسىنى كۆرۈگەن قويۇشىغا ياكى باشقىلارغا ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

151 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ئاكسىيە تارقاتقۇچىغا ئاكسىيە ئىگىسىنىڭ ئىسمىلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىيالىنى بېرىشى لازىم.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ئاكسىيىنى تىزىملاش - راسچوت قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئاكسىيە ئىگىسى ئىلكىدىكى ئاكسىيىنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈراشى، ئاكسىيە ئىگىسىگە تىزىملاش ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ئاكسىيە ئىگىسى ئىسمىلىكىنىڭ ۋە تىزىملاش، مۇلۇك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يەڭگۈشلەش خاتىرىسىنىڭ ھەقىقىي، توغرا، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئۇنى ياسىۋېلىشقا، ئۆزگەرتىۋېتىشكە، كېرەكسىز قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

152 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەسپىنىڭ نورمال يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك:

(1) زۆرۈر مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ۋە سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا دائىر مۇكەممەل تەدبىرلىرى بولۇش؛

(3) كەسپ، مالىيە ۋە بىخەتەرلىك - ئېھتىيات قاتارلىقلارغا دائىر مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش؛

(3) خەۋپ - خەتەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە مۇكەممەل سىستېما قۇرۇش؛

153 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى تىزىملاش، ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش ۋە راسچوت قىلىشقا دائىر دەسلەپكى دوكومېنتلارنى ئوبدان ساقلىشى كېرەك. مۇھىم دەسلەپكى دوكومېنتلارنى ساقلاش مۇددىتى 20 يىلدىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

154 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپارتى راسچوت خەۋپ - خەتەر فوندى تەسىس قىلىشى ھەمدە ئۇنى بەلگىلەنگەن بانكىنىڭ مەخسۇس ھېسابىغا كىرگۈزۈپ ساقلىشى كېرەك. راسچوت خەۋپ - خەتەر فوندى تېخنىكىلىق چاتاق، مەشغۇلات

سەۋەنلىكى ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئاكسىيە راسچوت خەۋپ - خەتەر فوندى ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ كەسپى كىرىمىدىن ۋە تاپاۋىتىدىن ئاجرىتىلىدۇ ھەمدە ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە سودىسى تىجارەت مىقدارىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ.
ئاكسىيە راسچوت خەۋپ - خەتەر فوندى توپلاش، باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە تارمىقى بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەيدۇ.
155 - ماددا ئاكسىيە راسچوت خەۋپ - خەتەر فوندى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇلۇشى كېرەك.
ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى زىياننى خەۋپ - خەتەر فوندى بىلەن تۆلىگەندىن كېيىن، ئالاقىدار جاۋابكارلاردىن تۆلىتىۋېلىشى كېرەك.
156 - ماددا ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى تارقىلىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلسا، گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.
8 - باب ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلار.
157 - ماددا ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىش ۋە ئاكسىيە سودىسى كەسپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا كەسپىي مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى، ئىناۋەت باھالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى، ئىناۋەت باھالاش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىش شەرتى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ۋە كەسپ قائىدىسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بەلگىلەيدۇ.
158 - ماددا ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا كەسپىي مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى، ئىناۋەت باھالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسپىي خادىملىرى ئاكسىيە كەسپى بىلىمىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى شەرت. ئۇلارنىڭ ئاكسىيە كەسپى بىلەن شوغۇللىنىش سالاھىيىتىنى بېكىتىش ئۆلچىمىنى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزىدۇ.
159 - ماددا ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى كەسپكارلىرىنىڭ

تۆۋەندىكىدەك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ:
(1) ھاۋالە قىلغۇچىغا ۋاكالىتەن ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى كەسپكارلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش؛
(2) ھاۋالە قىلغۇچىغا ۋاكالىتەن ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشتىن ئېرىشكەن پايدىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ياكى ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشتىن يەتكەن زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا پۈتۈشۈش؛
(3) ئۆز مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى مۇلازىمەت قىلىدىغان، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ پاي چېكىنى ئېلىپ سېتىش؛
(4) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا ھەرىكەتلەر.
160 - ماددا ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا كەسپىي مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى ۋە ئىناۋەت باھالاش ئاپپاراتى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار باشقۇرغۇچى تارمىقى بەلگىلىگەن ئۆلچەم ياكى ھەق ئېلىش چارىسى بويىچە مۇلازىمەت ھەققى ئېلىشى لازىم.
161 - ماددا ئاكسىيە تارقىتىش، پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ياكى ئاكسىيە سودىسى پائالىيىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، مۈلۈكنى باھالاش دوكلاتى ياكى قانۇن پىكىر نامىسىگە ئوخشاش ھۆججەتلەرنى بېرىدىغان كەسپىي ئاپپارات ۋە خادىملار كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن خىزمەت تەرتىپى بويىچە دوكلات بېرىشى، ئۆزى بەرگەن شۇ دوكلات مەزمۇنىنىڭ چىنلىقى، توغرىلىقى ۋە مۇكەممەللىكىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشى ۋە ئىسپاتلىشى ھەمدە ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان قىسىمدا چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش شەرت.
9 - باب ئاكسىيە جەمئىيىتى
162 - ماددا ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتى - ئاكسىيە كەسپىنىڭ تەلەپچان تەشكىلاتى، ئىجتىمائىي تەشكىلات تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە.
ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتىگە قاتنىشىشى كېرەك.
ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان ئەزالار يىغىنى ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتىنىڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتىدۇر.
163 - ماددا ئاسىيە كەسپى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى ئەزالار يىغىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.
164 - ماددا ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتى تۆۋەندىكىدەك مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىدۇ:
(1) ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ھەمكارلىشىپ ئەزالارنى ئاكسىيىگە دائىر قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارنى ئىجرا قىلىشقا تەربىيىلەيدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ؛

(2) ئەزالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئەزالارنىڭ تەۋسىيە ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ؛
(3) ئاكسىيىگە دائىر ئۇچۇرلارنى يىغىپ، رەتلەپ، ئەزالار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ؛
(4) ئەزالار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - نىزاملارنى تۈزىدۇ، ئەزا ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنى كەسپ جەھەتتىن تەربىيىلەشكە تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ، ئەزالار ئارا كەسپىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرىدۇ؛
(5) ئەزالار ئوتتۇرىسىدا، ئەزالار بىلەن مۇئامىلىدارلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىققان ماجىرانى ياراشتۇرىدۇ؛
(6) ئەزالارنى ئاكسىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، يۈرۈشلۈپ تۇرۇشى ئۈستىدە ۋە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەيدۇ؛
(7)ئەزالارنىڭ ھەركىتىنى نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ، قانۇن، مەمۇرىي نىزام ياكى جەمئىيەت نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا بەلگىلىمە بويىچە ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ؛
(8) گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى يۈكلىگەن باشقا مەجبۇرىيەتلەر.
165 - ماددا ئاكسىيە كەسپى جەمئىيتى مۇدىرىيەت تەسىس قىلىدۇ. مۇدىرىيەت ئەزالىرى نىزامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.
10 - باب ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى
166- ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇنۇن بويىچە ئاكسىيە بازىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، ئاكسىيە بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭ قانۇنلۇق يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.
167 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاكسىيە بازىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:
(1) ئاكسىيە بازىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە، نىزاملارنى قانۇن بويىچە تۈزۈش ھەمدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش؛
(2) ئاكسىيە تارقىتىش، ئاكسىيە سودىسى، تىزىملاش، ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇش، راسچوت قىلىش ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش؛
(3) ئاكسىيە تارقاتقۇچى، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەت، ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىش فوندىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى، ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش

ئاپپاراتى، ئىناۋەت باھالاش ئاپپاراتى شۇنىڭدەك ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادۇكاتلىق ئورنى، بۇغالتىرلىق ئورنى، مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتىنىڭ ئاكسىيە كەسپى پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش؛

(4) ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ سالاھىيەت ئۆلچىمىنى ۋە ھەرىكەت مىزانىنى قانۇن بويىچە تۈزۈش ھەمدە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش؛

(5) ئاكلسىيە تاقىتىش ۋە ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش؛

(6) ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتىگە قانۇن بويىچە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىش؛

(7) ئاكسىيە بازىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛

(8) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا مەسئۇلىيەتلەر.

168 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلغاندا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق:

(1) قانۇنغا خىلاپ قىلمىش يۈز بەرگەن ئورۇنغا كىرىپ تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش؛

(2) ئالاقىدار تەرەپلەردىن ۋە تەكشۈرۈلىدىغان ۋەقە بىلەن ئالاقىدا ئورۇن ۋە شەخستىن سۈئال سوراش، ئۇلاردىن تەكشۈرۈلىدىغان ۋەقەگە ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئىزاھات بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(3) ئالاقىدا ر تەرەپلەر ۋە تەكشۈرۈلىدىغان ۋەقەگە ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئاكسىيە سودا خاتىرىسى، مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى تىزىملاپ يەڭگۈشلەش خاتىرىسى، مالىيە - بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنى كۆرۈش، تەقلىد قىلىپ ئىشلەش، يۆتكىۋېتىلىش ياكى يوشۇرۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ھۆججەت، ماتېرىياللارنى پېچەتلەپ ساقلىسا بولىدۇ؛

(4) ئالاقىدار تەرەپلەر ۋە تەكشۈرۈلىدىغان ۋەقەگە ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسنىڭ مەبلەغ ھېسابى، ئاكسىيە ھېسابىنى تەكشۈرۈش، قانۇنغا خىلاپ مەبلەغ ۋە ئاكسىيىنىڭ يۆتكىۋېتىلىش ياكى يوشۇرۇلۇش ئالامەتلىرىنىڭ بالىقنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىل - ئىسپات بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ توڭلىتىپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

169 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملار مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، نازارەت، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ياكى ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئالاقىدار گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسىتىشى ھەمدە خەۋەر تاپقان ئالاقىدار

ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سودا مەخپىيىتىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.
170 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملار ئۆز ئىشىغا سادىق بولۇشى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا ئادىل - پاك بولۇشى، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ نامۇۋاپىق پايدا ئالىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى شەرت.
171 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇنۇن بويىچە مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەندە، تەكشۈرۈلىدىغان ھەم ئەھۋال ئىگىلىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخس ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنى يوشۇرماي ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم. ئۇنى رەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.
172 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇن بويىچە تۈزگەن قائىدە، نىزام ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت تۈزۈمى ئاشكارا بولۇشى كېرەك.
گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەكشۈرۈش نەتىجىسگە ئاساسەن، ئاكسىيگە دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدە چىقارغان جازا قارارى ئاشكارا بولۇشى كېرەك.
173 - ماددا گوۋۇيۈەن ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئۆتىگەندە، ئاكسىيگە دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ گۇمانىي جىنايەتكە چېتىلىدىغانلىقىنى سەزسە، دېلونى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملارنىڭ نازارەت قىلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان ئاپپاراتتا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.
11 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى
175 - ماددا قانۇنىي ئورگاننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاكسىيە تارقاتقان ياكى يالغان تارقىتىش ھۆججىتى تەييارلاپ ئاكسىيە تارقاتقانلار ئاكسىيە تارقىتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، تۇپلىغان مەبلىغى قايتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە بانكىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئامانەت پۇل ئۆسۈمى قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ، قوشۇمچە قانۇنسىز تۇپلىغان مەبلەغ سوممىسىنىڭ 1 دىن يۇقىرى، 5 دىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 300 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەنگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدە%ۇ.

176 - مادداﺩا سېتىپ بېرىش ياكى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش - سېتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاكسىيە تارقاتقان ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنسىز تاپقان تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنسىز تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

177 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سودىغا سېلىنىدىغان ئاكسىيىنى تارقاتقۇچى ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش بەلگىلىمە بويىچە ئاشكارىلىمىغان ياكى ئاشكارىلىغان ئۇچۇردا يالغان نەرسىلەر يېزىلغان، ئازدۇرۇش خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر بايان قىلىنغان ياكى مۇھىم مەزمۇنلار چۈشۈپ قالغان بولسا، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تارقاتقۇچىغا 300 مىڭ يۈەندىن 600 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان تارقاتقۇچى ئۆزىنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلمىغان ياكى ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەن بولسا، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تارقاتقۇچىغا 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدۇ.

178 - ماددا ئاكسىيە سودا ئورنىنى قانۇنسىز ئېچىۋالغانلارنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىسا، 100 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

179 - ماددا تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي ھەمدە كەسىپ ئىجازەتنامىسىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاكسىيە شىركىتى قۇرۇپ، ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغانلارغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

180 - ماددا قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردا پاي چېكى سودىسىغا قاتنىشىشى مەنئى قىلىنغانلىقى بەلگىلەنگەن خادىملاردىن بىۋاستە ياكى ئۆزگەرتىۋالغان نامى، باشقىلارنىڭ نامى بىلەن پاي چېكىنى ئىلكىدە تۇتقان، ئېلىپ ساتقانلار قانۇنسىز ئىلكىدە تۇتقان پاي چېكىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بويرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئېلىپ ساتقان پاي چېكى قىممىتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ دۆلەت خادىمى بولغانلارغا قانۇن بويىچە يەنە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

181 ماددا ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ كەسپكارلىرى ئاكسىيە كەسپى جەمئىيىتى ياكى ئاكسىيە نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ خادىملىرىدىن قەستەن يالغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، سودا خاتىرىسىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، ئۆزگەرتكەن ياكى كۆيدۈرۈۋەتكەن، مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئاكسىيە ئېلىپ سېتىشقا ئالدىغانلارنىڭ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن يۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ دۆلەت خادىمى بولغانلارغا يەنە قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

182 - ماددا پاي چېكىنى تارقىتىش ياكى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، مۈلۈكنى باھالاش دوكلاتى ياكى قانۇن پىكىرنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى بېرىدىغان كەسپىي ئاپپارات ۋە خادىملاردىن مۇشۇ قانۇننىڭ 39 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پاي چېكى ئېلىپ ساتقانلار قانۇنسىز ئېرىشۋالغان پاي چېكىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا ئېلىپ ساتقان پاي چېكىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

183 - ماددا ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئىچكى ئۇچۇرنى بىلىدىغان خادىملار ياكى ئاكسىيە سودىسىغا دائىر ئىچكى ئۇچۇرغا قانۇنسىز ئېرىشكەن خادىملاردىن ئاكسىيە تارقىتىش، ئاكسىيە سودىسى قىلىشقا چېتىلىدىغان ئۇچۇرلار ياكى ئاكسىيە باھاسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا ئۇچۇرلار تېخى ئاشكارىلانمىغان مەزگىلدە، شۇ ئاكسىيىنى سېتىۋالغان ياكى ساتقان، ياكى شۇ ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاپ قويغان ياكى باشقىلارغا شۇ ئاكسىيىنى ئېلىپ سېتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلەر قانۇنسىز ئېرىشكەن ئاكسىيىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن ياكى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان پاي چېكى قىممىتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىق قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىكى خادىملاردىن يوشۇرۇن سودا قىلغانلىرىغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

184 - ماددا ھەرقانداق ئادەم مۇشۇ قانۇننىڭ 71 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاكسىيە سودا باھاسىنى تىزگىنلىۋېلىش ياكى ئاكسىيە سودىسىغا دائىر يالغان باھا ياكى يالغان ئاكسىيە سودا مىقدارىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش يولى بىلەن نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشۋالغان ياكى خەۋپ - خەتەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

185 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلنى ئاكسىيە ئېلىپ سېتىشقا ئىشلىتىۋالغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

186 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇئامىلىدارلارغا ئۆزىنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈلمىگەن ئاكسىيىنى سېتىپ بەرگەن ياكى مۇئامىلىدارلارغا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ ئاكسىيە سېتىۋالغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇلارغا قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان ئاكسىيە قىممىتىگە

تەڭ جەرىمانە قويۇلىدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 300 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

187 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان كۆنى سېتىۋالغان ئاكسىينى ياكى ئۆز ئالدىغا سېتىۋالغان ئاكسىينى شۇ كۆنى قايتا ساتقان ئاكسىيە شىركىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇنىڭغا قانۇنسىز ئاكسىيە سودىسىدا پۇتۇشكەن سوممىسىنىڭ 5 ىدىن يۇقىرى، 20 ىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ%.

188 - ماددا ئاكسىيە سودىسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يالغان ئۇچۇرنى توقۇپ چىقىپ ۋە تارقىتىپ، ئاكسىيە سودا بازىرىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىق قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

189 - ماددا ئاكسىيە بىرژىسى، ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى، ئاكسىيە سودىسى ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلار، ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە ئۇلارنىڭ كەسپكارلىرىدىن ياكى ئاكسىيە كەسپى جەمئىيتى، ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىدىن ئاكسىيە سودىسى پائالىيىتىدە يالغان نەرسىلەرنى بايان قىلغان ياكى ئۇچۇر جەھەتتە ئازدۇرغانلار تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، ئۇلارغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ دۆلەت خادىمى بولغانلىرىغا يەنە قانۇن بويىچە مەمۇري جازا بېرىلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

190 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخس نامىدا ھېساب ئېچىپ ئاكسىيە ئېلىپ ساتقان قانۇنىي ئىگە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇنىڭغا قانۇنسىز تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدى؛ ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكارى مەسئۇل خادىمى ۋە بىۋاستە جاۋابكار باشقا خادىملىرىدىن دۆلەت خادىمى بولغانلىرىغا قانۇن بويىچە مەمۇري جازا بېرىلىدۇ.

191 - ماددا ئۇنىۋېرسال تۈردىكى ئاكسىيە شىركەتلىرىدىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ نامىدا ياكى شەخس نامىدا ئۆز ئالدىغا

ئاكسىيە تىجارىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىرى تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئۇنىڭغا قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپى توختىتىلىدۇ.

192 - ماددا مۇئامىلىدارلارنىڭ ھاۋالىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئاكسىيە ئېلىپ سېتىپ، سودا ئىشلىرىنى بېجىرىپ، شۇنىڭدەك مۇئامىلىدارلارنىڭ ھەقىقىي دېمەكچى بولغىنىغا خىلاپلىق قىلىپ سودىغا ياتمايدىغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىپ، مۇئامىلىدارلارنى زىيانغا ئۇچراتقان ئاكسىيە شىركىتى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

193 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ كەسىپكارلىرىدىن مۇئامىلىدارلارنىڭ ھاۋالىسىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ ھېسابىدىكى ئاكسىينى ئېلىپ ساتقان، ئىشلىتىۋالغان، ئۆتنە بەرگەنلىرى ياكى مۇئۇمىلىدارنىڭ ئاكسىيىسىنى گۆرۈگە قويغانلىرى ياكى مۇئامىلىدارنىڭ ئاكسىيىسىنى گۆرۈگە قويغانلىرى ياكى مۇئامىلىدارنىڭ ھېسابىدىكى مەبلەغنى ئىشلىتىۋالغانلىرى تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇلار تاقىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ ياكى جاۋابكار خادىملارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيەت كىنىشكىسى ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋاكارلىق قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

194 - ماددا ۋاستىچىلىك كەسپىنى بجىرىپ، مۇئامىلدارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئاكسىيە ئېلىپ ساتقان ياكى مۇئامىلىدارلارغا ئېلىپ ساتقان ئاكسىيە پايدىسى توغرىسىدا ياكى ئاكسىيە سودىسىدىن تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ئاكسىيە شىركىتى تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

195 - ماددا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتنى سېتىۋېلىش ھەققىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتنى سېتىۋېلىشتىن پايدىلىنىپ نامۇۋاپىق پايدا ئالغانلار تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

196 -ماددا ئاكسىيە شىركىتى ۋە ئۇنىڭ كەسپكارلىرىدىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ ھاۋالىسىنى يوشۇرۇن قوبۇل قىلىپ ئاكسىيە ئېلىپ ساتقانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

197 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋۇجۇسكا ئېسىپ بازارغا سېلىشقا بولمايدىغان ئاكسىيىنى تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تىجارەتكە سالغان ئاكسىيە شىركىتى تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

198 - ماددا ئاكسىيە شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتكۈچە تىجارەتنى باشلىمىغان بولسا ياكى تىجارەتنى باشلىغاندىن كېيىن كەسپنى ئۇدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ئۆز ئالدىغا توختىتىپ قويغان بولسا، شىركەت تىزىملاش ئورگىنى شۇ شىركەتنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ.

199 ـ ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىجازەت قىلىنغان دائىرىدىن ھالقىپ ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئاكسىيە شىركىتى تۈزىتىشكە بويرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلار تاقىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ.

200 ـ ماددا ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە ۋاستىچىلىك كەسپى ۋە ئاكسىيىنى ئۆز ئالدىغا تىجارەتكە سېلىش كەسپى بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان، قانۇن بويىچە ئايرىپ بېجىرىمەي ئارلاشتۇرۇپ مەشغۇلات قىلغان بولسا، تۈزۈتىشكە بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ ئەسلىدە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئاكسىيە كەسپىنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

201 - ماددا يالغان ئىسپات ھۆججىتى بېرىلىپ ياكى باشقا ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، مۇھىم پاكىتلارنى يوشۇرۇپ ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئالداپ ئىجازەت ئېلىۋالغان ياكى ئاكسىيە شىركىتى ئاكسىيە سودىسىدا قانۇنغا خىلاپ ئېغىر قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، يەنە تىجارەت قىلىشقا سالاھىيىتى قالمىغانلارنىڭ ئاكسىيە كەسپى ئىجازەتنامىسىنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن

قالدۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى تاقىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ.
202 - ماددا ئاكسىيە تارقىتىش، بازارغا سېلىش ياكى ئاكسىيە سودا پائالىيىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، مۇلۆكنى باھالاش دوكلاتى ياكى قانۇن پىكىرنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ بېرىدىغان كەسپىي ئاپپاراتلاردىن ئۆزى مەسئۇل بولغان مەزمۇنلار ئۇستىدە ساختىپەزلىك قىلغانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئالاقىدار مەسئۇل تارماق شۇ ئاپپاراتنى كەسپىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكار خادىملارنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسىنى ئېلىۋالىدۇ. زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلار چاتما تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
203 - ماددا ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ياكى ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەسىس قىلغانلارنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ.
ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپاراتى ۋە ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاپپاراتلاردىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ياكى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر تۇتاش تۈزگەن كەسىپ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ ھەمدە قانۇنغا خىلاپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلار تاقىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ.
204 - ماددا ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاكسىيە تارقىتىش، بازارغا سېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ياكى مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاكسىيە شىركىتى، ئاكسىيە تىزىملاش - راسچوت قىلىش ئاپپارتى ياكى ئاكسىيە سودىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغا ئاپپاراتنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى تەستىقلاپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغان بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
205 - ماددا ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ خادىملىرى ۋە تارقىتىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملاردىن مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، شەخسىي غەرەز بىلەن كۆزبويامچىلىق قىلغان، خىزمەت ئورنىدا بىپەرۋالىق قىلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار تەرەپنى قەستەن تەڭقىسلىقتا قالدۇرغانلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قۇنۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
206 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، شىركەت زايومىنى تارقىتىپ بەرگەن، سېتىپ بەرگەنلەرگە گوۋۇيۇەن ھوقۇق بەرگەن تارماق مۇشۇ قانۇننىڭ 175 -، 176 ، ۋە 202 - ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىدۇ.
207 - ماددا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە خىلاپلىق قىلغانلار، ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە جەرىمانە، شتراف تۆلىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى بىرلا ۋاقىتتا تۆلەشكە يېتىشمىگەندە، ئالدى بىلەن ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.
208 - ماددا ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدى؛ ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى رەت قىلىش، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشتا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغانلارغا ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىدىكى بەلگىلىملەرگە ئاساسەن جازا بېرىلىدۇ.
209 - ماددا مۇشۇ قانۇن بويىچە ئاكسىيە تارقىتىش، ئاكسىيە سودىسىغا دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت ۋە جەرىمانە پۇتۇنلەي دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.
210 - ماددا ئالاقىدار تەرەپ ئاكسىيە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ياكى گوۋۇيۇەن ھوقۇق بەرگەن تارماقنىڭ جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ياكى قۇنۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە ئەرز قىلسا بولىدۇ.
12 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ
211 - ماددا بۇ قانۇن يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن مەمۇرىي نىزاملار بويىچە تەستىقلىنىپ،

**ئاكسيه برژىسدا بازارغا سېلىنىۋاتقان ئاكسيه قانۇن بويىچه داۋاملىق بازارغا سېلىنىۋېرىدۇ.**
**بۇ قانۇن يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن مەمۇرىي نىزام ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچه تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنغان ئاكسيه تىجارەت ئاپپاراتلىرىدىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە ئانچه ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مۇشۇ قانۇندىكى تەلەپكە يېتىش كېرەك. كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئايرىم بەلگىلەيدۇ.**
**212 ـ ماددا مۇشۇ قانۇندىكى مۇئامىلدارلارنىڭ سودا راسچوت مەبلىغى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى يولغا قۇيۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى گوۋۇيۈەن ئايرىم بەلگىلەيدۇ.**
**213 - ماددا چېگرا ئىچىدىكى شىركەت پاي چېكىنى دۆلەت سىرتىدىكى زاتلار ۋە ئاپپاراتلارنىڭ كونكرېت چارىسىنى گوۋۇيۈەن ئايرىم بەلگىلەيدۇ.**
**214 - ماددا بۇ قانۇن 1999- يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.**